جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

2

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

2

ISBN7-105-07644-5
9 787105 076444 >
ISBN 7-105-07644-5/I · 1639
民文（维238）　定价：30.00元

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

## 2

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

باش مۇھەررىر: لىيۇ بىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ( ئىجرائىيە):
ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق

ئاپتورلار: ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق
غەيرەتجان ئوسمان
مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەھمەت
ئەسئەت سۇلايمان
ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

مىللەتلەر نەشرىياتى

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەركىن ئابدۇقادىر
ئەخمەتجان ھوشۇر

ئابلىز ئەمەت

مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى
خۇدابەردى خېلىل

# جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى(2)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : دىششىن باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2006-يىل 4-ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2006-يىل 4 - ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 22.25
**سانى** : 0001 -2000
**باھاسى** : 30.00 يۈەن

# 全国少数民族优秀图书出版资金资助项目

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔文学史.第2卷/新疆社科院民族文学研究所编著. 一北京：民族出版社, 2006.4
ISBN 7-105-07644-5

Ⅰ.维... Ⅱ.新... Ⅲ.维吾尔族一少数民族文学：古典文学一文学史一中国一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.Ⅰ207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006) 第 034186号

第2卷： 依明江.艾合麦提 海热提江.乌斯曼
买买提吐尔地.米尔孜艾合买提
艾赛提.苏来曼 艾比布拉.阿不都沙拉木等编

责任编辑：艾尔肯. 阿不都卡德尔 阿合买提江. 吾守尔

责任校对：阿不力孜.艾买提，海仁沙.肉孜，胡达百尔地
封面设计：刘家峰

出版发行: 民族出版社 http://www.e56.com.cn
社 址: 北京市和平里北街 14 号 邮编: 100013
电 话: 010-64290862 (维文室)
印 刷: 北京迪鑫印刷厂
版 次: 2006 年 4 月第 1 版 2006 年 4 月北京第 1 次印刷
开 本: 850 毫米×1168 毫米
印 张 22.25
印 数: 0001-2000 册
定 价: 30.00 元

# «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» تەھرىر ھەيئىتى

**ھەيئەت پەخرىي مۇدىرى:**

**ئىسمائىل تىلىۋالدى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

**ھەيئەت مۇدىرلىرى:**

**ئابدۇرازاق تۆمۈر** تەتقىقاتچى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ليۇ بىن** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ھەيئەت ئەزالىرى:**

**ئابدۇشۈكۈر تۇردى** تەتقىقاتچى

**ليۇ كۈيلى** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**لاڭ يىڭ** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان** پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئالىمجان سابىت** ئالىي مۇھەررىر

**ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق** كاندىدات تەتقىقاتچى

**ھەبىبۇللا ئابدۇسالام** كاندىدات تەتقىقاتچى

## مۇندەرىجە


ئالتىنچى باب ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشى ........................ (1)

13~15-ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ........................ (1)

ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى سۇلالىسىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى ۋە يېڭى سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل-يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ........................ (10)

ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى سۇلالىسىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى ........................ (10)

يېڭى سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇ تىل-يېزىقىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ........................ (26)

تارىخىي قىسسە — «ئۆگدۈلمىش ئوغلى جانىبەگنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى» ........................ (52)

«قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ... (54)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشى، گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ........................ (59)

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ........................ (59)

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ........................ (74)

چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ...... (90)

ناسىرىددىن رەبغۇزى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل رەبغۇزى» ناملىق ئەسىرى ........................ (98)

قۇتب ۋە ئۇنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانى ... (107)

خارەزمى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە» داستانى ........ (111)
دۇربېك ۋە ئۇنىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانى
.................................................. (117)
هافىز خارەزمى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى .................. (134)
مەۋلانا سەككاكى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى.................. (156)
مەۋلانا ئاتايى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى .................. (162)
مەۋلانا لۇتفى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ............... (173)
مەۋلانا گەدائى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى.................. (190)
هۇسەينى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى ......................... (196)

## يەتتىنچى باب ئەلىشىر نەۋائى ........................ (207)

نەۋائىنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ............ (207)
نەۋائىنىڭ هايات يولى ............................ (207)
نەۋائىنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى..................... (231)
نەۋائىنىڭ ئەدەبىي-پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ
غايىۋى مەنبەلىرى ................................ (243)
نەۋائىنىڭ لىرىك مىراسلىرى ........................ (259)
«خەزائىنۇل مەئانى» ................................ (265)
«لىسانۇت تەير»...................................... (294)
خەمسە ............................................... (306)
نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ يارىتىلىشى .................. (306)
نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېڭىلىقلىرى
.................................................. (324)
«خەمسە» تەركىبىدىكى داستانلار ھەققىدە ........... (342)
نەۋائى «خەمسە»سىنىڭ بەدىئىي قىممىتى ............ (379)

نەۋائىنىڭ نەسرىي ۋە ئىلمىي-نەسرىي ئەسەرلىرى ........ (385)
«مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» .......................... (386)
«مەجالىسۇن نەفائىس» .......................... (397)
«مەھبۇبۇل قۇلۇب» .......................... (409)
نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە
تەسىرى .......................... (428)
زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر .......................... (447)

سەككىزىنچى باب يەكەن خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتى .......................... (459)

يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى
.......................................... (459)
سەئىدى ۋە رەشىدى غەزەللىرى .......................... (476)
يۇسۇپ قىدىرى .......................... (485)
ئامانىنىسا.......................................... (493)
ئايازى غەزەللىرى .......................... (503)
مىرزا ھەيدەر كۆرەگان .......................... (509)
مەجلىسى.......................................... (529)
شاھ مەھمۇد جۇراس .......................... (540)
مۇھەممەد ئەمىن ھىرقەتى .......................... (547)
ئابىد .......................................... (564)

توققۇزىنچى باب 18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى........ (569)



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.cc

18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان
............................................ (569)
18-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋەكىللىرى .......... (585)
موللا پازىل .................................... (585)
مەھزۇن ........................................... (591)
مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى .............. (597)
نەۋبەتى ............................................ (613)
سەلاھى ............................................ (620)
ئەرشى .............................................. (629)
فۇتۇھى ............................................ (641)
مەشھۇرى .......................................... (648)
شائىر ئاخۇن ..................................... (654)
ئىبراھىم خوتەنى ................................ (657)
مۇھەممەد سىدىق رەشىدى ..................... (662)
موللا يۇنۇس يەركەندى ........................ (668)
مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ...................... (672)

# ئالتىنچى باب

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا چاغاتاي دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشى

## 13~15 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەربىر يېڭى تارىخىي دەۋرى خەلقنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەرگە باغلىق بولۇپ كەلگەن. مىلادىيە 13~15 ـ ئەسىرلەر ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن دەۋر بولدى، بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتقا زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دەۋردىكى زور سىياسىي ۋەقەلەردىن بىرى موڭغۇللارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بولدى.

موڭغۇللار مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي كۈچەيگەن يېڭى بىر مىللەت ئىدى، چىڭگىزخان (مىلادىيە 1162 ~ 1227) مىلادىيە 1206 ـ يىلى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي قابىلىيىتى ۋە موڭغۇل قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تايىنىپ، ئۇزۇنغا قالماي بىپايان ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان غەربكە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىلا موڭغۇللارغا بەي-

ئەت قىلغانىدى .[1] مىلادىيە 1211 ـ يىلى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزى چىڭگىزخاننىڭ كېرولۇن دەرياسى بويىدىكى باش بارگاھىغا بېرىپ ، چىڭگىزخاننى تاۋاب قىلدى . چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىنگە نورغۇن سوۋغا ئىنئام قىلدى ۋە مەلىكە ئەلئالتوننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى . شۇنىڭدىن باشلاپ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدا پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى . قوچۇ ئۇيغۇرلىرى موڭغۇللارنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىدا چىڭگىزخان ئۈچۈن مۇھىم كۈچ بولۇپ ، زور رول ئوينىدى . چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدەك بۇنداق قۇدرەتلىك تايانچ بولغانلىقتىن ، ھېچقانداق بىر كۈچ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىغا چېقىلىشقا پېتىنالمىدى . شۇنىڭ بىلەن قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئۇزۇن مەزگىللىك تىنچ تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى . «مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەنىدى ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى . بارلىق چوڭ ۋادىلاردا شەھەرلەر كۆپىيىپ ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان ، سودا ـ تىجارەت راۋاج تاپقانىدى . كۆچمەن موڭغۇللار ھاكىمىيىتى تەۋەلىكىدە بولۇشنى ئېتىراپ قىلىش ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلمىدى . بىزگە شۇ نەرسە ئېنىقكى ، باشقا ئەللەردە يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئېتىزلار ۋەيران قىلىنىپ ئوتلاققا ، شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلاندۇرۇلمىدى . ئۇيغۇر فېئوداللىرى ئۆزلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ئىتتىپاقچىسى دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئېلىنى چىڭگىزخاننىڭ بىكىتكەن ئادىمى سۈپىتىدە ئىدارە قىلىشۋەردى . ئاخىردا شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، ئۇيغۇرلاردا

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 224 ـ بەت.

فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى موڭغۇللارنىڭكى-
گە نىسبەتەن خېلى دەرىجە يۇقىرى ئىدى » .[①] دېمەك ، ئۇيغۇرلار
چىڭگىزخانغا بويسۇنغان تۇنجى يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ۋە دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەت بولۇپ ، بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭ-
غۇل ئىمپېرىيىسى مىقياسىدا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى بەلگىلىد-
گەن . بۇ جەرياندا بىرىنچى بولۇپ ئۆز رولىنى كۆرسەتكىنى ئۇيغۇر
يېزىقى بولدى . ئۇيغۇرلار موڭغۇل دۆلىتى تەركىبىگە كىرگەندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ يېزىق سىستېمىسىنى موڭغۇللار قوبۇل قىلدى .
«ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار بىر تەرەپتىن موڭغۇللار ، يەنە بىر
تەرەپتىن ھىندى - ياۋروپالىقلار - ئىران تىللىق سوغدىلار ئوتتۇرى-
سىدا مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە روشەن ۋاسىتىچىلىك رول
ئوينىدى . بۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تىبەت
مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا ، بۇريات خەلقى (ھەممىدىن ئاۋۋال
شەرقىي بۇريات ) ۋە قالماقلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئاز دېگەندە
300 - 400 يىل مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى . بۇ تەسىر لاما ئىدېئو-
لوگىيىسىگە ئاساسلىنىپ ، ھەممىدىن بۇرۇن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆت-
كەن خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىغا تەسىر كۆرسەتتى . بۈگۈن-
كى كۈندە بولسا ، شۇ چاغدىكى تەسىر بىلەن قوبۇل قىلىنغان نۇرغۇن
سۆز - ئاتالغۇلار دەسلەپكى دىنىي مەنىسىنى تامامەن يوقاتتى . مىلادى-
يە 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مانى دىنى بىلەن
ئارىلىشىپ كەتكەن بۇددا دىنىنىڭ سوغدىچە ، خەنزۇچە ، تىبەتچە تار-
ماقلىرى سۇرىيىدىكى نېستورىئانلارنىڭ خرىستىيان دىنى بىلەنمۇ تو-
نۇش ئىدى ، دەل شۇ چاغلاردا دەسلەپكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارمۇ بارلىق-

---

① د.تىخونوف: «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى 10~ 14 - ئەسىرلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 374~ 375 - بەتلەر.

قا كەلگەندى» .①

مىلادىيە 1224 ـ يىلىغا كەلگەندە چىڭگىزخان ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق زېمىنلارنى ئۆز ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى . ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا ئىگە بولدى . بۇ زېمىنىنىڭ دائىرىسى ئىلى دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە سۇ رايونى ، جەيھۇن ( ئامۇ ) دەرياسىغىچە بولغان ماۋەرائۇننەھر رايونى ۋە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىغا قاراشلىق كۇسەن ( كۇچا ) شەھىرىنىڭ غەربىدىكى غەربىي تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، چاغاتاي ئۇلۇسى دەپ ئاتالدى . چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ سىياسىي مەركىزى هازىرقى قورغاس ناهىيىسىنىڭ دائىرىسىدىكى ئالمالىق شەھىرى ئىدى . چاغاتاي خان بەزىدە يەنە قاياس شەھىرىدە تۇراتتى . چاغاتاي خان ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان بۇ زېمىنلارنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇردى . بۇنىڭ ئىچىدە هازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىنى مەركەز قىلغان ماۋەرائۇننەھر رايونىنى بولسا دوغلات قەبىلىسى ئارقىلىق باشقۇردى ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئارقىلىق باشقۇردى . چاغاتايغا بېرىلگەن رايونلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىچىدىكى ئەڭ باي رايون بولۇپ ، ئىمپېرىيىنىڭ هۆكۈمرانلىرىنى هەر ۋاقىت ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇيۇرغاللىقا تەرەققىي قىلىشى ، جۇملىدىن شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ چاغاتاي ئۇلۇسى بولۇپ تەشكىل تېپىشى ، بۇ رايوننىڭ مىللىي قۇرۇلمىسى ، ئىجتىمائىي هەم سىياسىي مۇهىتىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 402 ـ، 403 ـ، 404 ـ بەتلەر.

ئېلىپ كەلدى .

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەندىن كېيىن ، بۇ رايوندا باشقا تەرەپ-
لەردىكى زور ئۆزگىرىشلەردىن باشقا ، مەدەنىيەت جەھەتتە ، بولۇپمۇ
ئەدەبىيات - سەنئەتتە بىر گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى . بۇ
دەۋردە ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
ھاكىمىيەت تىلى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىي ئالاقە تىلى قىلىپ قوللىنىل-
غاندىن باشقا ، موڭغۇل ، پارس ، ئەرەب تىللىرىمۇ قوللىنىلغان ،
يېزىق ھەر خىل بولغانىدى .

چاغاتاي خان ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بولغان مەھمۇد
يالاۋاچ ، مەسئۇد يالاۋاچ ھەم ئورتۇپ دوغلاتى قاتارلىقلار موڭغۇل
قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مىسلىسىز ۋەيران قىلىنغان بۇ رايوننى تېزلا
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ، شۇنداق قىلىپ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ماد-
دىي ۋە سىياسىي ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇش سىياسىتىنى قوللان-
دى . بۇ رايوندا سودا - سانائەت ، پۇل مۇئامىلە ، مەدەنىيەت قاتارلىق
جەھەتلەردە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى . ماۋەرائۇننەھر ۋە ماڭ-
لايسۆيەر رايونىنىڭ تاشقى سودىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ، بۇرۇن-
قى يىپەك يولى قايتىدىن جانلاندى . چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللىنىپ
قىسقا مۇددەت ئىچىدە ماۋەرائۇننەھر ۋە ماڭلايسۆيەر رايونىنىڭ جەم-
ئىيىتى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قالماي ، جەمئىيەت تەرەققىياتىمۇ
تېز ئىلگىرى سۈرۈلدى . « چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا ۋە موڭغۇل
خانلىقىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا دۆلەتنىڭ ۋە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر-
رىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسەن ئۇرۇشتا چۈشكەن سانسىز ئولجا - غەنىي-
مەتلەر ۋە تالان - تاراج قىلىنغان بايلىقلار ئارقىلىق قاندۇرۇلغان
بولسا ، چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى ، بولۇپمۇ چاغاتاي
خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى ئاساسەن ھەر خىل
باج - سېلىقلارغا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان ۋە ياشايدىغان بولدى .»
قىسقىسى ، بۇ دەۋردە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر خېلىلا تەرەققىي



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com